# ياشاشتىن بىزار بولۇپ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىش ھەققىدە

[ئۇيغۇرچە]

# كره الحياة ويتمنى الموت

[باللغة الأويغورية]

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا تەشۋىقات كومىتىتى

اللجنة الدائمة للبحوث العلمية والإفتاء والدعوة والإرشاد

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

المترجم: سيف الدين أبو عبد العزيز

**تەكشۈرۈپ بىكىتكۈچى: ن. تەمكىنى**

**المراجعة: ن. تمكيني**

**رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى**

**المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض**

1430 – 2009

islamhouse.com

# ياشاشتىن بىزار بولۇپ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىش

# ھەققىدە

105437-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

بىر كىشى ھاياتلىقتىن بەك بىزار بولۇپ ياخشىلىق ئۈمىت قىلىپ ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ ئۆلۈم تىلىسە توغرا بولامدۇ؟.

جاۋاب:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

مۇسۇلمان ئۇچۇن دۇنيادىن بىزار بولۇپ ئاللاھ تەرەپتىن كېلىدىغان ياخشىلىق ۋە خۇرسەنلىكتىن ئۈمىدسىزلىنىش توغرا ئەمەس. ئاللاھنىڭ تەقدىر بەلگىلىمىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشقا سەبرى قىلىش، دۇچكەلگەن بالا-مۇسىبەت ۋە قىيىنچىلىقلارغا ئاللاھ دىن ساۋاپ ئۈمىت قىلىش، بۇنى ئاسانلاشتۇرۇشنى ئىلتىجا قىلىش، بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا ياردەم سوراش ۋە ئاللاھنىڭ ئاسانلاشتۇرۇشىنى كۈتۈش كېرەك. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئەلۋەتتە ھەر بىر مۈشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار»، مۇسۇلمان مەلۇم كېسەللىك ياكى باشقا ھادىسىلەرگە دۇچ كەلگەندە ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىشى توغرا ئەمەس. بۇ ھەقتە بۇخاري-مۇسلىمدا بايان قىلىنغان ھەدىستە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىشى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن، ئەگەر بەك ئارزۇ قىلىشنى خالىسا، "ئى ئاللاھ! مەن ئۈچۈن

ھاياتلىق ياخشى بولسا مېنى ھايات قالدۇرغىن، ئەگەر مەن ئۈچۈن ئۆلۈم ياخشى بولسا مېنى ۋاپات قىلدۇرغىن" دېسۇن.

بۇ ھەدىستە، ھەممە ئىشنى ئاللاھقا تاپشۇرۇش ۋە ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇش ئىپادىلىنىدۇ. مۇسۇلمان بۇ دۇنيادا دۇچ كەلگەن بالا-مۇسىبەت ۋە قىيىنچىلىقلارنى ئۈچ كۆرمەي سەبىر قىلىپ ئاللاھتىن ساۋاب ئۈمىت قىلسا، ئۇنىڭ خاتالىقلىرىغا كاپارەت بولىدۇ، قەلبى غەپلەتتىن ئويغىنىدۇ، كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئىبرەت بولىدۇ.

توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.

شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى باز

شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئال-شەيخ

شەيخ سالىھ ئىبنى پەۋزان ئەلپەۋزان

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا تەشۋىقات كومىتېتى پەتىۋالار توپلىمى 25-توم 398-بەت